قەھرىمان تۆمۈر

# رەڭدار تۇرمۇش

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

قەھرىمان تۆمۈر

江苏工业学院图书馆
藏书章

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

生活感悟：维吾尔文/ 卡哈尔曼著. — 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2009.9
ISBN 978-7-228-12885-3

Ⅰ.生... Ⅱ.卡... Ⅲ.生活 — 知识 — 普及读物 — 维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.TS976.3-49

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2009)第173327号

| | |
|---|---|
| **责任编辑** | 孜来哈·艾则孜 |
| **责任校对** | 阿依古丽·沙比提 |
| **特约校对** | 阿依古丽·亚森 |
| **封面设计** | 买买提·诺比提 |
| **出版发行** | 新疆人民出版社 |
| **电　　话** | 0991-2827472 |
| **地　　址** | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| **邮　　编** | 830001 |
| **印　　刷** | 乌鲁木齐八家户彩印有限公司 |
| **经　　销** | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| **开　　本** | 880×1230毫米 32开本 |
| **印　　张** | 9.75 |
| **版　　次** | 2009年10月第1版 |
| **印　　次** | 2009年10月第1次印刷 |
| **印　　数** | 1—5000 |
| **定　　价** | 20.00 元 |

# رەڭدار تۈرمۈش


ئاپتورى: قەھرىمان تۆمۈر
مەسئۇل مۇھەررىرى: زىلەيخا ئەزىز
مەسئۇل كوررېكتورى: ئايگۈل سابىت
تەكلىپلىك كوررېكتورى: ئايگۈل ياسىن
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
تېلېفون: 2827472 - 0991
پوچتا نومۇرى: 830001
ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
باسقۇچى: ئۈرۈمچى باجياخۇ رەڭلىك باسما چەكلىك شىركىتى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 9.75
نەشرى: 2009 ـ يىلى 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى: 2009 ـ يىلى 10 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 5000 — 1
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 228 - 12885 - 3
باھاسى: 20.00 يۈەن

# مۇھەررىردىن

قەھرىمان تۆمۈر 1972 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۈنسۇ ناھىيە ئارال يېزىسىدا ئولتۇرۇشلۇق تۆمۈر تەۋەككۇل ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

1987 ـ يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىن، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ۋە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى فاكولتېتى تولۇق كۇرس سىنىپىدا ئوقۇغان. 1990 ـ يىلى 8 ـ ئايدا خىزمەتكە قاتنىشىپ، 2002 ـ يىلى 4 ـ ئايغىچە ئۈنسۇ ناھىيە چاغراق يېزا ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ، يېزا مائارىپ ئىشخانىسى، ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىلىرىدە ئوقۇتقۇچى، كاتىپ، كەسپى خادىم بولۇپ ئىشلىگەن. 2002 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن 2004 ـ يىلى 11 ـ ئايغىچە كۇچا ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىدە ئاساسىي مائارىپ، چوڭلار مائارىپ ۋە كەسپىي مائارىپ خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولۇپ ئىشلىگەن. 2004 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن ھازىرغا قەدەر كۇچا ناھىيىلىك پارتىيە مەكتىپىدە لېكتور بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

قەھرىمان تۆمۈر 2005 ـ يىلى ئىجادىيەتكە كىرىشكەن بولۇپ، يېقىنقى قىسقىغىنە بىر قانچە يىل ئىچىدە «سىنىپ مۇدىرلىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ بىر قانچە ئۇسۇللىرى»، «ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا» ، «ئەمەلىيەتچىل بولۇش روھىنى جارى قىلدۇرۇش پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىلغارلىقىنى ساقلاشنىڭ كاپالىتى» ، «دېموكراتىيە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇشنىڭ



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتىكى رولى توغرىسىدا» ، «يېزا كەسپى مائارىپى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش» ، «بالىلارغا ئەمەلىيەتلىك تەربىيە بېرەيلى» قاتارلىق بىر نەچچە ماقالىلىرى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر قايسى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان.

ئۇنىڭ بىر قىسىم ماقالىسى مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش پروگراممىسىنىڭ نۇقتىلىق مۇنبەر، شەنبىلىك ئالاھىدە پروگراممىسا سەھىپىسىدە ئاڭلىتىلغان، يەنە بىر قىسىم ماقالىسى جۇڭگو مىللەتلىرى ژۇرنىلىنىڭ «سەلتەنەت تور ژۇرنىلى» دا ئېلان قىلىنىپ، كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ياقتۇرۇپ ئاڭلىشىغا، كۆرۈشىگە مۇيەسسەر بولغان. ئۇ، ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق تۇرمۇش ۋە خىزمەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا ھېس قىلغان، كۆرگەن، ئاڭلىغان تۇرمۇش ۋەقەلىكلىرى ئاساسىدا، نۆۋەتتىكى كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ئىجتىمائىي ئەخلاقا يات بولغان، نىكاھ - ئائىلىنىڭ بۇزۇلۇشى، ئەدەپ - مىزانلارنىڭ سۇسلىشى قاتارلىق ناچار ئادەت ۋە تۇرمۇش نۇقسانلىرىنى ئەمەلىي ۋەقەلىك تەپسىلاتلىرى ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىپ، كىشىلەرنى ئەدەپ - ئەخلاققا ئۈندەپ، نىكاھ - ئائىلە مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاپ، پەرزەنتلەرنى ياخشى تەربىيىلەشكە يېتەكلەيدىغان ئەسەرلەرنى يېزىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن. ئاپتور ھازىر «نۇر قەسىدىسى» ناملىق ئەدەبىي خاتىرىسى، «كۆلەڭگە» ناملىق پوۋېستى ئۈستىدە جىددىي ئىشلەۋاتىدۇ.

# مۇندەرىجە


تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى ........................ 1
نىكاھ، ئائىلە ھەلەكچىلىكى ........................ 6
ئەمەل ـ مەنسەپ ھەلەكچىلىكى ........................ 9
پەرزەنت ھەلەكچىلىكى ........................ 11
پېنسىيە ھەلەكچىلىكى ........................ 16
ھاۋايى ـ ھەۋەس ھەلەكچىلىكى ........................ 22
مال ـ دۇنيا ھەلەكچىلىكى ........................ 29
نۇقسانلىرىمىزنى ئۆزگەرتەيلى ........................ 36
ھەسەتخورلۇق ئىناقلىقنىڭ ئەزرائىلى ........................ 54
سۆز ـ ھەرىكىتىمىز ئىلمىي بولسۇن ........................ 68
يالغانچىلىق ........................ 73
مەنمەنچىلىك ........................ 79
تەمەخورلۇق ........................ 87
غىزالىنىش ئادەتلىرىمىز ........................ 93
سالام بېرىش ۋە ئىلىك ئېلىش ئادىمىيلىكنىڭ ئاددىي
بەلگىسى ........................ 106
سۆز تەربىيىسىدىن ئۆز تەربىيىسى ئەلا ........................ 121
ئانىغا قىلغاننى بالىدىن كۆرەر ........................ 131
بالىلىرىمىز گاڭگىرىغان ئەۋلادلاردىن بولۇپ قالمىسۇن ... 141
مەنۋىيىتىمىزدىكى قاششاقلىق ........................ 155
ئۇلار كىمنىڭ بالىسى ........................ 161
كىتابقا خىيانەت ئىلىمگە ھاقارەتتۇر ........................ 171
ھالال تەر بەختىنىڭ ئەلچىسىدۇر ........................ 182

مۇھەببەتتىن مۇھەببەت تۇغۇلىدۇ ........................ 194
ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئايالللىرىدىكى ئەركىنلىك قارشى
ھەققىدە قايتا ئويلىنىش ........................ 196
ئەرلەرنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنۇش نىكاھقا چاك
كەلتۈرۈشتۇر ........................ 204
ئېرىڭىزنى باشقىلار بىلەن سېلىشتۇرماڭ ........................ 208
ئېرىڭىزگە ئازادە مۇھىت يارىتىپ بېرىپ، ئائىلە ئىللىق ـ
لىقىنى ھېس قىلدۇرۇڭ ........................ 211
ئېرىڭىزگە ماسلىشىڭ، ئىشەنچىگە ئېرىشىشكە تىرىشىڭ... 214
ئايالللار نىداسى، ئەرلەر جۆلاسى ........................ 217
نىكاھ مۇھەببەتنىڭ قەبرىسىمۇ ........................ 228
ئىنسانىي پەزىلەت توغرىسىدا ........................ 242
سەۋر شادىمانلىق ئاچقۇچىدۇر ........................ 244
شۈكۈر ـ قانائەت ـــ بەخت ........................ 253
ستۇدېنتلار ۋە كەسىپ تاللاش ئىشى ........................ 263
ئوغلۇمغا ........................ 274
ئانا قەدرى ........................ 218
بىز نېمىشقا ئالدىراش بولۇپ كېتىمىز ........................ 295
پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار ........................ 304

# تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى

ھەربىر ئادەم ھاياتىدا ئۆزىنى ئىنسان دەپ بىلگىنىدە، ئۆزىنى تار شەخسىي مەنپەئەتلەر يولىدا تـوختىتىـپ قويمـايدۇ، بەلكـى قانداقتۇر ئۇلۇغ ئىشقا ئىنتىلىۋاتقـان، ئومۇمنىـڭ ئۇلۇغـۋار ئىشلىرى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتـقان ئىلغار كىشىلەرنىـڭ يۈكسەك مەقسەتلىرىدىن ئىلھام ئالالايدۇ. مـانا ئۇ چـىن مەنىسى بىلەن ئىنساندۇر.

—— م. ئى. كالىنىن

تۇرمۇشنىڭ ھەربىر كارتىنىسىغا ئىنچىكىلىك بىلەن نەزەر سالغىنىمىزدا، قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىپ، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ تۈرلۈك ــ تۈمەن قىممەتلىرىگە شۈكۈر ــ قانائەت، ئىنساپ ــ ديانەت، قەدىر ــ قىممەت نۇقتىسىدىن قاراپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تىرىشىپ، ئىللىق ئائىلىسى، قولۇم ــ قوشنا، ئۇرۇق ــ تۇغقان، يۇرت، قوۋم ــ قېرىنداشلىرى، مىللىتى، ۋەتىنى ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلاپ، ھەقىقىي ئىنسانغا خاس مەردۇمەردانە قىياپەتتە دۇرۇس ياشاپ كېلىۋاتقانلارنىمۇ، ئۆز نېسىۋىسىگە شۈكۈر ــ قانائەت قىلماي، بىر ئۆمۈر ئەمەل ــ مەنسەپ، مال ــ دۇنيا، ئابروي ــ مەرتىۋە ۋە شەھۋانىي ھەۋەسكە بېرىلىپ، ئىنسانىي غۇرۇرى ۋە ۋىجدانىنى يوقاتقانلارنىمۇ ئۇچرىتىپ تۇرىمىز.

مانا بۇ بۈگۈنكى جەمئىيىتىمىزدە تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە ئوخشىمايدىغان يول تۇتقان، كۆپ خىل تۇرمۇش قاتلىمىدا تىنىمسىز قاتراۋاتقان كىشىلىرىمىزنىڭ ئىنسانىي خاراكتېرىنى

بەلگىلەيدىغان ئىككى خىل مۇھىم پاسىلدۇر.

ئىنسان بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقان مىنۇتتىن باشلاپ، سىرتقى دۇنيادىكى رەڭگارەڭ شەيئى، ھادىسىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ، ئوخشىمىغان، مۇرەككەپ مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ماس بولغان رەڭدار سەھىپىلىرىنى يارىتىدۇ. ئىنسان تۇرمۇشىدىكى رەڭدار تۇرمۇش سەھىپىلىرى قۇياشنىڭ نۇرىغا ئوخشايدۇ. قۇياش نۇرى قارىماققا ئاددىي تەركىبتەك كۆرۈنسىمۇ، ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتكەندە، بىر ـ بىرىدىن روشەن پەرقلىنىدىغان ھەر خىل رەڭلىك نۇرلاردىن تۈزۈلىدۇ.

تەبىئىي قانۇنىيەت بويىچە ئېيتقاندا، ئىنساننىڭ ھايات مۇساپىسى تۇغۇلۇش، ئۆسۈش، مۇكەممەللىشىش، ئۆلۈش جەريانىنى باشتىن كەچۈرىدۇ. ئىنساننىڭ ھايات مۇساپىسىدىكى بۇ قانۇنىيەت شۇ كىشىنىڭ ياشاش يولىنىڭ جەريانىغا ئۆزلىشىپ، شۇ كىشىنىڭ تەقدىرىنى ھاسىل قىلىدۇ.

«ئىنسان ئۆز تەقدىرىنىڭ تومۇرچىسى»، ھەربىر ئادەمنىڭ قايسى خىل يولنى تاللىشى ئۇنىڭ جەمئىيەت قاتلاملىرىدىكى تۇرلۇك مۇھىت ئىچىدە ئۆزىگە ئەڭ تەسىر قىلغان ئامىللار تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.

ئىنساننىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلىشىنى تۇرمۇشتىكى بىر قانۇنىيەت دېيىشكە بولىدۇ. ئەمما، رىقابەت ۋە خىرىسقا تولغان بۈگۈنكى جەمئىيەتتە، شەخسىيەتچىلىك، مەتپەئەتپەرەسلىك، نەپسانىيەتچىلىك خاھىشلىرىنىڭ كۆپىيىشى نەتىجىسىدە، ھالال تەرى، مېھنەتتى بەدىلىگە ئۆز تۇرمۇشىنى قامداۋاتقان بەزىبىر ئاق كۆڭۈل كىشىلەر تەقدىر ـ قىسمەتتە نۇرغۇن ئەگرى ـ توقايلىقلارغا ئۇچرىماقتا. بەزىلەر ئۆزىنىڭ ئورۇن ـ مەرتىۋىسىنىڭ يۇقىرىلىقىدىن، ياشاش يولىدىكى ئەۋزەللىكلىرىدىن غادىيىپ يۈرسە، بەزىلەر ئۆز تەقدىر ـ قىسمىتىنىڭ تەتۈرلۈكىدىن، ھايات يولىدىكى ئەگرى ـ توقايلىقلاردىن ئاھ ئۇرۇپ، ئارزۇ ـ ئىستىكىنىڭ ئەمەلگە

ئېشىشى ئۈچۈن، غادىيىپ يۈرگەنلەرگە زورىغا سىلىق - سىپايە مۇئامىلە قىلىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇشقا ئۇرۇنسا. يەنە بەزىلەر، ئۆز ئائىلىسىنىڭ گۈل تاجى، ۋاپادارى، سادىق ھەمراھى، غەم - غۇسسىنىڭ ھەمدەمچىسى بولغان مېھرىبان ئايالى ياكى جورىسىغا ئاسىيلىق قىلىپ، ئۆزىنى ۋە ئۆزگىنى ناپاكلىق پاتقىقىغا پاتۇرۇش بىلەن بىللە، بىغۇبار، سەبىي بالىلارنىڭ قەلبىگە پەسكەشلىكنىڭ تامغىسىنى بېسىش ئۈچۈن قۇترىماقتا.

ئىنسان تۇرمۇشى مۇشۇنداق رەڭگارەڭ، خىلمۇخىل بولغاچقا، بەزىلەر كاتتا يۈز - ئابرۇيغا، مال - مۈلۈككە ئېرىشسە، بەزىلەر ھەر خىل قىسمەتلەرگە دۇچار بولدى، بۇنىڭ بىلەن تۇرمۇش كۆپ قاتلامغا ئايرىلىپ، ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا پەرق كېلىپ چىقتى. بۇ خىل پەرق كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ يول خەرىتىسىنى سىزىپ، كىشىلەرنى تۈرلۈك - تۈمەن يوللارغا سالدى.

ئىنسانلارنىڭ ئاشۇ يوللارنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىدا تۇرغان دەقىقىلىرىدە ۋۇجۇدىدا ئەكس ئەتكەن تەپەككۇر، غايە - ئىقبال تۈرتكىسىدە ئۆز تاللىشىنى جەزملەشتۈرۈپ، كەلگۈسى تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك يولنىڭ بىرىنچى قەدىمىنى بېسىپ، ئۇزلۇكسىز ئىلگىرىلەپ ھاياتلىق يولىنى داۋام قىلىدۇ. ئۇنىڭ باسقان يولى ئەتراپىنى باغۇ بوستانلىق قاپلىغان، قۇشلار يېقىملىق سايرىشىپ، سۇلار شارقىراپ ئېقىپ تۇرغان، يېقىملىق شامال ئادەم يۈزىنى سىيپاپ ئۆتىدىغان تۈز، داغدام، يورۇق يول بولۇشىمۇ ياكى، ئەتراپىنى قويۇق تۇمان قاپلىغان، قانداقتۇر بىر يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ئادەم تېنىنى شۈركەندۈرگۈدەك ۋەھىمىلىك ھۇۋلاشلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان، ئەگرى - توقاي، قاراڭغۇ قاقاسلىق يول بولۇشىمۇ مۇمكىن.

ئىنساننىڭ تەقدىرى مۇشۇ «يورۇقلۇق» ۋە «قاراڭغۇلۇق» تىن ئىبارەت ئىككى خىل يولنىڭ قايسىسىنى تاللاپ مېڭىش بىلەن باغلىنىشلىقتۇر. ئىنسان مۇشۇ ئىككى خىل يولنى بېسىش



此为试读,需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

جەريانىدا، تۇرمۇشنىڭ ئادەمگە ئاتا قىلغان تۇرلۇك بەخت ـ سائادىتىگە ۋە جەبىر ـ جاپاسىغا دۇچ كېلىدۇ. بۇ جەريانىدا بەخت ـ سائادەتتىن ھۇزۇرلىنىپ، جەبىر ـ جاپاغا توغرا مۇئامىلە قىلىپ، ئادىمىيلىكىنى ساقلاپ، ئۆزىگە خاس ياشاش مەنتىقىسىنى شەكىللەندۇرۇپ، باشقىلارنىڭ خۇشاللىقى ئۈچۈن ئۆز بەختىدىن كېچىپ كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ ياشايدۇ ياكى بولمىسا تۇرمۇشنىڭ ھەربىر قاتلاملىرىدا ئۆزىنىڭ ھالال مېھنىتى بىلەن ياشاشنى راۋا كۆرمەي، ھە دېسە كىشىلەرنىڭ ئازغىنا مۇۋەپپەقىيىتىگە ھەسەت قىلىپ باشقىلار بىلەن ھوقۇق ـ مەنپەئەت، مال ـ مۈلۈك، ئورۇن ـ مەرتىۋە تالىشىپ، شەخسىيەتچىلىك، پەسكەشلىك بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدۇ. نەتىجىدە ئۆز مەقسىتىگە يېتىش يولىدا خۇشامەتچى، ساختىپەز، ھىيلىگەر، ھەتتا ئىنسان قېلىپىدىن چىققان نجىس، چاكىنا كىشىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى مۇكەممەللىشىپ، ئىستېمال فورمىسى كېڭىيىۋاتقان، خىزمەت، ئىشقا ئورۇنلىشىش جەھەتتە رىقابەت كەسكىن بولۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە ۋە ئائىلە ئەزالىرىغا، بولۇپمۇ پەرزەنتلىرىگە قويىدىغان تەلىپى تېخىمۇ كۆچلۈك بولماقتا. بۇ خىل كۈچلۈك تەلەپ، كۈچلۈك رىقابەتنىڭ كۈنسېرى كەسكىنلىشىشى بىلەن ئۈچۈر تەرەققىياتىنىڭ تېزلىشىشى ئوتتۇرىسىدا جىددىي ھەل قىلمىسا بولمايدىغان ئىنتايىن نازۇك مەسىلە، يەنى بالىلاردا «تور مەستانىسى» بولۇپ قېلىش، ئۆگىنىشكە قىزىقماسلىق، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئىش ئورنىغا لايىقلىشالماسلىق، ئۆز ـ ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈستىدە ئىزدەنمەسلىك، ئىش ئورنى تاپالماسلىق مەسىلىلىرى كۆرۈلۈۋاتىدۇ. شۇ تۈپەيلىدىن كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش بېسىمى ئېشىپ نورمال تۇرمۇش رىتىمى تېزلىشىۋاتىدۇ. تۇرمۇشىمىزدىكى مۇنداق نۇقسان، ئاجىزلىقلار كىشىلەرنى تۇرلۇك كويلارغا سېلىپ،

تۇرمۇشنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئېقىنلىرىغا سۆرەپ كىرىپ تىنىمسىز پالاقلاشقا مەجبۇر قىلدى.

بۇ ھادىسىلەرنى ياخشى تۇزەش ئىنساپ ـ دىيانەت، ۋىجدان، ئەخلاق، ساپا ـ بىلىم قاتارلىقلارغا باغلىق بولۇپ، ھەركىمنىڭ بۇ ھەقتە ئىزدىنىشى، بۇلارنى ئۆز ۋۇجۇدىغا سىڭدۇرۇشى زۆرۈردۇر.



# نىكاھ، ئائىلە ھەلەكچىلىكى

ئائىلىۋى مۇھەببەت ئىنسان زۇرۇرىيىتىنى كۆپەيتىدۇ. دوستانە مۇھەببەت ئۇنى تاكامۇللاشتۇرىدۇ، غەيرىي ئەخلاقىي مۇھەببەت بولسا، ئۇنى يەرگە ئۇرۇپ بەربات قىلىدۇ.

—— فرانىس. بېكون

مىللىتىمىز ئارىسىدا قەدىمدىن تارتىپ توي ـ تۆكۈننى ئاددىي ـ ساددا ئۆتكۈزۈش، ئەر ـ خوتۇن بىر ـ بىرىگە سادىق، ۋاپادار بولۇشتىن ئىبارەت ئېسىل ئەنئەنىۋى نىكاھ ئەندىزىسى مەۋجۇت ئىدى. جەمئىيەتتە، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، بولۇپمۇ قورساق توق، كىيىم پۈتۈن بولۇش مەسىلىسىنىڭ ھەل بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ماددىي تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، توي ـ تۆكۈن ئىشلىرىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. ئەسلىدىكى ھەممىنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان، ئاددىي ـ ساددا، كۆڭۈل ئازادىلىكى بىلەن بولىدىغان توي چوڭلار ئارا ياكى قىز ئىگىسى بىلەن ئوغۇل ئەلچىلىرىنىڭ يۈزتۇرانە سودىلىشىشى نەتىجىسىدە پۈتۈشىدىغان سودا ـ سېتىق تۈسىنى ئالدى. بۇ ھال كىشىگە سودا يەرمەنكىسىدىكى كىمئارتۇق قىلىپ سېتىش مۇنبىرىدىكى تالاش ـ تارتىشلارنى ئەسلىتىدۇ. بۇ خىل نىكاھ ئىشلىرى قىز ـ يىگىتلەر ئارىسىدا تۈگىمەستىن، چوڭلارنىمۇ جىددىيلەشتۈرۈپ ئارامىدا قويمىدى. نىكاھ ئىشلىرىمىزدىكى باھا قويۇپ ياتلىق قىلىش، باھاغا تۈشلۇق پۇل ـ مالغا ئىگە بولۇشتەك قىلمىشلارنىڭ ھەممىسى مەنپەئەتپەرەسلىك ۋە

ئابرۇيپەرەسلىكنىڭ مەنبەسى. بۇنىڭدا، توي قىلغۇچى ئىككى تەرەپ بەس - بەستە پۇل چىقىرىپ، قىز - يىگىتنىڭ توي ھازىرلىقلىرىنى تەل قىلىپ بولغاندىن كېيىن، توينىڭ داغدۇغىسىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇرۇق - تۇغقان، يېقىن - يورۇقلىرىدىن باشقا، يەنە بىرەر يەردە بىرەر قېتىم كۆرۈشۈپ قالغان، دوستىنىڭ دوستى، خىزمەتدىشىنىڭ تونۇشى دېگەندەك كىشىلەرگە باغاق يېزىش، تونۇمىسىمۇ داڭلىق شەخسلەرگە باغاق ئەۋەتىش، چەت ئەلدىن پالانچى توينى مۇبارەكلەپ گۈل ئەۋەتتى دېگەندەك ئابرۇيپەرەسلىك قىلىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلۈۋاتىدۇ. تويلاردىكى مۇنداق ھادىسىلەر توي ئىگىلىرىنى ھالسىزلاندۇرۇپ تويدىن كېيىن ئېغىر غەمگە مۇپتىلا قىلدى، نۇرغۇنلىغان ئائىلىلەر قەرزنى تۈگىتىش كويىدا كۈن بويى قاتراپ، ھەسرەت چېكىپ، غەم دەستىدىن تۈرلۈك كېسەلگە مۇپتىلا بولدى.

بىزدە «ئېزىمۇ نەزىر، كۆپىمۇ نەزىر» دەيدىغان گەپ بار. بىز تېخى يېشىل ئىستېمالدىن خېلىلا يىراقتا. قورساق توق، كىيىم پۈتۈن بولۇشقا ئۇلىشىپلا ھەشەمەتچىلىك قوغلىشىپ، ئىسراپچىلىق يولىغا ماڭساق، بۇ بىزنىڭ ئېسىل ئۆرپ - ئادەتلىرىمىزگە، «يوتقانغا بېقىپ پۇت سۇنۇش» تىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى قائىدە - مىزانغا تۈپتىن مۇخالىپ ئەمەسمۇ! ؟ توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغلاردا ھەشەمەتچىلىكتىن ۋاز كېچىپ ئاددىي - ساددىلىقنى تەرغىب قىلىپ، ئاتىغىنىنى يېتىم - يېسىر، ئاجىزەلەرگە، مەكتەپ، يەسلىلەرگە ۋە باشقا خەير - ساخاۋەت ئىشلىرىغا ياردەم قىلغانلارمۇ بار. مۇنداق ئادەتنى كەڭ تەشۋىق قىلىش زۆرۈر.

ھەشەمەتچىلىك — بىر قىسىم داغۋاز، مەنمەنچىلەر ئۈچۈن ئادەمگەرچىلىكنىڭ ئىپادىسى بولسىمۇ، ئىنساپلىق، ۋىجدانلىق، ساپالىق كىشىلەرگە نىسبەتەن ئىسراپچىلىق، ئەخمەقلىقتۇر. تۇرمۇشىمىزدا توي - تۆكۈن، مۇراسىملاردىكى ھەشەمەتچىلىك تۈپەيلىدىن ھالىغا تۇشلۇق ئىش قىلىشنىڭ ئورنىغا باشقىلار

بىلەن بەسلىشىپ، گەدەنگىچە قەرزگە بوغۇلغان، ئائىلىسىدە ئىقتىساد توغرۇلۇق جېدەل - ماجىرا قۇرۇمايدىغان، ئاقىۋەتتە ئىناق ئائىلىسىنى خانىۋەيران قىلغان، بالىلارنى يېتىم قالدۇرغان كىشىلەرمۇ ئاز ئەمەس.

ئابرۇيپەرەسلىك ئىنسان ئۈچۈن بىر خىل مەنىۋى زەئىپلىكتۇر، بۇ نۇقسان تۈزىتىلمىسە، ئائىلە ئەخلاقىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىپ جەمئىيەت ئىناقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ. شۇڭا ھەشەمەتچىلىكتىن، ئابرۇيپەرەسلىكتىن يىراق تۇرۇپ، ئەنئەنىۋى ئىجتىمائىي ئەخلاققا رىئايە قىلىشىمىز، ھەشەمەتچىلىك قىلماسلىقىمىز ئەمەلىيىتىمىزنى چىقىش قىلىشىمىز، توپلىغان ئازغىنا ئىقتىسادىمىزنى ئۆزىمىزنى مۇكەممەللەشتۇرۇش، بالا تەربىيىسى، خەير - ساخاۋەت قاتارلىق ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا سەرپ قىلىپ، تۇرمۇشىمىزنى رىتىملىق، خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزۈشكە تىرىشىشىمىز لازىم.



# ئەمەل ـ مەنسەپ ھەلەكچىلىكى

ئىش ـ ھەرىكەتى ياخشى بولسا، ئۇنى بارلىق خەلق سۆيىدۇ، مىجەزى توغرا بولسا، تۆرگە چىقىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

جەمئىيىتىمىزدە ئەمەل ـ مەنسەپ ئۈچۈن كۈن بويى تىنىم تاپماي قاتراۋاتقانلارمۇ، ئەمەل ـ مەنسەپ ئورنىدا خىزمەت سىجىللىقىنىڭ ھەددىدىن زىيادە كۈچلۈكلىكىدىن چارچاپ تۈرلۈك كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئاددىي بىر كىشىلىك خىزمىتىنىڭ نەقەدەر ئازادە ئىكەنلىكىنى ئەسلەپ، ئەسلىنى سېغىنىپ زارىقىدىغانلارمۇ كۆپلەپ چىقىدۇ. ئالدىنقىسىنى ئالساق، بۇ بىر قىسىم كىشىلەردىكى ئابرۇيپەرەسلىك، مەنپەئەتپەرەسلىك ئىدىيىسىنىڭ كۈچلۈكلىكىنىڭ ئىپادىسى. چۈنكى، ئەمەل ـ مەنسەپكە بېرىلگۈچى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئەمەل ـ مەنسەپ نام ـ ئابرۇي تۆرگە چىقىشنىڭ، پايدا ـ مەنپەئەتكە ئېرىشىشنىڭ، يەنى ھەممە جەھەتتىن قولايلىققا ئېرىشىشنىڭ دەسمايىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارغا ئەمەل ـ مەنسەپ شۇنچىلىك لەززەتلىك تۇيۇلىدۇ. دەرۋەقە، مۇنداق كىشىلەر بىرەر ئەمەل ـ مەنسەپكە ئولتۇرسا، پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ئىشىنىپ تاپشۇرغان ۋەزىپىنى مال ـ دۇنيا يىغىشنىڭ، ئائىلىسى، يېقىن ـ يورۇقلىرى ئۈچۈن ھەممە تەرەپتىن قولايلىق يارىتىشنىڭ مەنبەسى قىلىۋالىدۇ.

بۇنداق كىشىلەر ئومۇمنىڭ ئىشىنى جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىمەيدۇ، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆزى يامان كۆرىدىغان



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com